


### «شىنجاڭ ياخشى جاي» ئاسىيا مەدەنىيەت - ساياھەت كۆرگەزمىسىدە نامايان قىلىندى

# مەدەنىيەت - ساياھەت يۇغۇرۇلغان خاس ماركا تونۇشتۇرۇلدى

مۇخبىرىمىز ياۋ گاڭ خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ «ئاسىيا مەدەنىيلىك ھەپتىلىكى» باش تېمىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئاسىيا مەدەنىيەت - ساياھەت كۆرگەزمىسى مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمە سارىيىدا باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى 11 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسى، 43 مەدەنىيەت ۋە ساياھەت كارخانىسىنى 100گە يېقىن مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مەھسۇلاتىنى ئېلىپ كۆرگەزمىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ مول ساياھەت بايلىقى، رەڭدار ساياھەت ۋە مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلدى. «شىنجاڭ ياخشى جاي» ساياھەت داڭلىق ماركىسى ئاسىيا مەدەنىيەت - ساياھەت كۆرگەزمىسىدە نامايان قىلىندى.

ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆرگەزمە «ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش بىلەن ئورتاق يۇغۇرما تەرەققىيات»نى باش تېما قىلىپ، ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىشنىڭ كۆپ مەنبەلىك يوللىرىنى بەرپا قىلىدۇ، دۇنياغا پۈتۈنلەي يېڭى، مۇكەممەل ئاسىيا مەدەنىيلىكى، مەدەنىيىتى ۋە ساياھەت ئوبرازىنى نامايان قىلىدۇ، يىغىننىڭ كەسىپ قاتلىمىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئاسىيا مەدەنىيەت - ساياھەت كۆرگەزمىسى ئۈنىۋېرسال كۆرگەزمە ۋە مەخسۇس تېمىلىق كۆرگەزمىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئۈنىۋېرسال كۆرگەزمىدە ئاسىيا مەدەنىيەت - ساياھەت سارىيى، جۇڭگو مەدەنىيەت - ساياھەت كۆرگەزمە رايونى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان، دۇنيا مىراسلىرى تەسۋىر كۆرگەزمىسى مەخسۇس تېمىلىق كۆرگەزمە رايونى بولۇپ، شىنجاڭ كۆرگەزمە سۈپىتى جۇڭگو مەدەنىيىتى ساياھەت كۆرگەزمە رايونى ئىچىگە جايلاشقان.

كۆرگەزمىدە ساياھەتچىلەر، ساياھەت سودىگەرلىرى شىنجاڭ ساياھەت كۆرگەزمە سۈپىتى ئالدىغا ئۈزۈلمەي كېلىپ مەسلىھەت سورىدى. ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپ بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا، شىنجاڭ چەت ئەل خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپىنىڭ قومۇل شۆبە كوپېراتىپى قومۇل ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتىنى تونۇشتۇردى. قومۇل شۆبە كوپېراتىپىنىڭ باش دىرېكتورى گو لۇ مۇنداق دېدى: ساياھەت لىنىيەسىنى ئېچىش جەھەتتە مەھسۇلاتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى جەلپ قىلىمىز.

كۆرگەزمىگە قاتناشقان ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئەڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى: ئۈرۈمچى شەھىرى كۆپلىگەن مەنزىرە نۇقتىسى ۋە ئىستىراھەت - دەم ئېلىش جايلىرىغا تايىنىپ، ئىستىراھەت ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى؛ تۇرپان شەھىرى يىپەك يولى ئۆرپ - ئادەت ساياھىتى، يىپەك يولى تەتقىقات - ئۆگىنىش ساياھىتى قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، «ئوت يۇرتى»نىڭ مول ساياھەت ۋە ئادىمىيەت بايلىقىغا تايىنىپ، «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت تۇرپان»نى تونۇشتۇردى؛ قاراماي شەھىرى مايتاغ - كۇچا تاشيولى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى، ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتى مەھسۇلاتلىرىنى نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا چىقاردى؛ ئالتاي ۋىلايىتى «ئالتاي مىڭ چاقىرىملىق رەسىم كارىدورى» ئۆزگىچە ساياھەت لىنىيەسىنى مەركەزلىك نامايان قىلدى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ «يىپەك يولىدىكى بۇلاق شەھىرى» كۆتۈنۈش ساياھىتى مەھسۇلاتىنى نامايان قىلدى.

ئۆجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەزگە سىزىلغان رەسىم ئەسەرلىرى، قول ھۈنەر مىس چۆگۈنى، توغراق يىلتىزىدىن ئويۇلغان قەلەمدان قاتارلىق مول شىنجاڭچە خاسلىققا ئىگە مەدەنىيەت ئىجادىيەت مەھسۇلاتلىرى ۋە ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىمۇ قىزغىن ئالقىشلاندى.

كۆرگەزمە مەزگىلىدە، شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكى «شىنجاڭ ياخشى جاي» شىنجاڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مەخسۇس تونۇشتۇرۇش يىغىنى، ساياھەت تاۋارلىرى كارخانىلىرى تاۋارلارنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش، ساياھەت سودىگەرلىرى ئالاقىلىشىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. كۆرگەزمە نەق مەيداندا يەنە «مۇزىكىغا ئەگىشىپ شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنلاش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى، نەق مەيداندا تونۇشتۇرۇش، ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنلاش، غەيرىي مىراسلارنى كۆرسىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرگە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ساياھەت بايلىقى نامايان قىلىندى.

«كۆرگەزمە ئارقىلىق ھەرقايسى ئۆلكە، رايون، شەھەرلەر ۋە ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر، كۆرگەزمىگە قاتناشقان سودىگەرلەرنى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرلىكتە بەھرىلەندۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ مول مەزمۇنلۇق رەڭدار مەدەنىيەت ۋە ساياھەت بايلىقىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ، ‹شىنجاڭ ياخشى جاي› دېگەن ياخشى ئوبرازىمىزنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، رايون، شەھەرلەر ۋە ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ئالاقىلىشىش ۋە ئالماشتۇرۇشى، ھەمەتۈرتكە بولۇشى، ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر گۈلى ئابلىم.

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تەرەققىياتنىڭ ئومۇميلىقى، ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىپ ئاشۇرۇش كېرەك. ماسلىشىش ھەم تەرەققىيات ۋاستىسى، ھەم تەرەققىيات نىشانى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە تەرەققىياتقا باھا بېرىدىغان ئۆلچەم ۋە مىزان، شۇنداقلا تەرەققىياتتىكى ئىككى نۇقتا نەزەرىيەسى بىلەن مۇھىم نۇقتا نەزەرىيەسىنىڭ بىرلىكى، تەرەققىياتتىكى تەڭپۇڭلۇق بىلەن تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ بىرلىكى، تەرەققىياتتىكى كەمتۈكلۈك بىلەن يوشۇرۇن كۈچنىڭ بىرلىكى. بىز دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىپ، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇملۇقنىڭ، ھازىرقى بىلەن كەلگۈسىنىڭ، مۇھىم نۇقتا بىلەن مۇھىم بولمىغان نۇقتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتى، شەھەر، يېزىلارنىڭ ماس تەرەققىياتى، ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ماس تەرەققىياتىغا كۈچەپ تۈرتكە بولۇشىمىز، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغان نەرسە يوق، پايدىلانغاندا ھېس قىلالمايمىز، يوقىتىپ قويغاندا ياشىشىمىزمۇ تەسكە توختايدۇ. ئومۇمىي ۋەزىيەت قارىشى، يىراق كەلگۈسى قارىشى، بىر پۈتۈنلۈك قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، بايلىق تېجەش ۋە مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا ھاياتىمىزغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، يېشىل تەرەققىيات شەكلى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خەلقنىڭ بېيىشى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىپ گۈللىنىشى، جۇڭگونىڭ گۈزەللىشىشىنى ماس ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى تۈزۈلمىسىنى كۈچەپ شەكىللەندۈرۈش كېرەك. جەزمەن ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش ئېقىمىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى بەرپا قىلغان ئىلغار پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ۋە پايدىلىق باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. ئەمەلىيەت ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەشتىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى كۈچەپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسى ئابستراكت، سىرلىق ئۇقۇم ئەمەس، ئۇ پەقەت ئېغىزدىلا توختاپ قالسا، ئىدىيە ھالقىسىدىلا تۇرۇپ قالسا بولمايدۇ، بەلكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئىپادىلىنىشى كېرەك. دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ ھەم ئۇزاققىچە تۇرىدۇ، بىز ھازىر بار بولغان شارائىتقا ئاساسەن قىلالايدىغان ئىشلارنى ئامالنىڭ بارىچە قىلىپ، كىچىك غەلىبىلەر ئارقىلىق چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتكۈل خەلق ئورتاق بېيىش نىشانىغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

### 2019 - يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ زەھەر چەكلەش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

# زەھەر چەكلەش خىزمىتى يېڭى ئەندىزىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز جېڭ جو خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 2019 - يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ زەھەر چەكلەش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى، يىغىندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ زەھەر چەكلەشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

2018 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، زەھەر چەكلەش كۈرىشىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. «زەھەر چەكلەش بويىچە 2018 - يىللىق ئىككىگە زەربە بېرىش، ئىككىنى باشقۇرۇش - كونترول قىلىش» مەخسۇس ھەرىكىتىنى كۈچلۈك قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، پەۋقۇلئاددە زور زەھەر دېلولىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەھقىقلەپ پاش قىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 1031 زەھەر دېلوسىنى پاش قىلدى، 1273 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى، 452.29 كىلوگرام تۈرلۈك زەھەرنى قولغا چۈشۈردى. ياش - ئۆسمۈرلەرگە زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسى بېرىش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تولۇقسىز مەكتەپ، 158 ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ سىرتىدىكى 320 يېتەكچى دۆلەت زەھەر چەكلەش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، زەھەر چەكلەش مەخسۇس ھەرىكىتى، زەھەر چەكلەش بويىچە نۇقتىلىق تۈزەش ۋە زەھەر چەكلەش بويىچە ئۈلگىلىك شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسى بىلەن تولۇق قاپلاش، زەھەر چەككۈچىلەرنى تولۇق ھالقا بويىچە باشقۇرۇش - كونترول قىلىش، زەھەر جىنايىتىگە تولۇق زەنجىر بويىچە زەربە بېرىش، زەھەر ياساش بۇيۇملىرىنى تولۇق ئامىللىق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، زەھەر ئەھۋالىنى تولۇق يۆنىلىشلىك كۆزىتىش - ئالدىن سىگنال بېرىش، زەھەر چەكلەشنى تولۇق قاتلام دەرىجىلىك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت «ئالتە تولۇق» زەھەر تۈزەش سىستېمىسىنى پائال ئورنىتىپ، پارتكوم، ھۆكۈمەت بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، زەھەر چەكلەش كومىتېتى تەشكىللەپ ماسلاشتۇرىدىغان، ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەت كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىدىغان زەھەر چەكلەش خىزمىتى يېڭى ئەندىزىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 52 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2019 - يىللىق نازارەتچىلىك خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 5 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - قېتىملىق يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ يەسلى مائارىپى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەخسۇس دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ ھەم ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا سۈرۈشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ تۈردىكى نازارەتچىلىكنىڭ مەقسىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەسلى مائارىپى قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، يەسلى مائارىپىنىڭ توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، يەسلى مائارىپى سىياسەت كاپالىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەسلى مائارىپىنىڭ ئومۇملاشقان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، بەختتەر، ئەلا سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىنىڭ بالىلار تەربىيەلىنەلەيدىغان بولۇشتىن ئىبارەت گۈزەل ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرستىلدى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىلەن بولغان ئۇدۇللاشتۇرۇش، ئالماشتۇرۇش خىزمەت سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆججەت تەييارلاش، يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈشتىكى پىشقان تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆرنەك ئېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆججەت تەييارلاش، يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ گۇرۇپپىلار بويىچە مۇھاكىمە قىلىشنى تەشكىللەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ قاراپ چىقىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، دۇڭ شىنگۇاڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا ۋۇ شيەن قاتارلىق 11 يولداش سۆز قىلدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىمىزنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، پائال چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تۈرتكە بولىمىز.

دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ۋۇ شيەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىجتىمائىي قانۇنچىلىق ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن، خۇاچياۋ، تاشقى ئىشلار كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ بەرپا قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك؛ ئەزا راخمانجان داۋۇت مۇنداق تەكلىپ بەردى: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنى ئاساسلىق جەڭ مەيدانى قىلىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەمتۈرتكىلىك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كېڭەيتىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تەشكىللىك بولۇشى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ دەل جايىدا بولۇش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى خەن جۈن مۇنداق تەكلىپ بەردى: توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيە يېتەكچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن پائالىيەت ۋاستىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىتتىپاقلىق - ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئۈچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى تۇرغان پىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مىللەت ۋە دىن كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش كېرەك؛ زىبىڭ شۇلا ئالتاي ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئومۇمىي خەلق، تولۇق مەنزىرە، پۈتۈن رايون، پۈتۈن كەسىپ، پۈتۈن يىللىق ساياھەت يېڭى ئەندىزىسىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈپ، ئالتاي ساياھەتچىلىكىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارىنى سىجىل ئۆستۈرۈش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى پۇ شۆبى مۇنداق تەكلىپ بەردى: ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى جيا دىيەنزېڭ «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باش تېمىلىق تەربىيە پائالىيىتىنى دائىملىق، ئۇزاق ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى جىن شەن مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: ئادۋوكاتلار ساھەسىنىڭ ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ۋاڭ خۇڭشىن مۇنداق تەكلىپ بەردى: كۆلەملەشكەن كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى سۇپا ۋە تۇتقا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى يۇغۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رېن خۇا يىغىنغا كېلىپ سۆزلەرنى ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېڭ جېنشەن كادىرلار ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى، مۇئاۋىن رەئىس ئىلھام سابىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، مۇئاۋىن رەئىس ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، ما شيۇچېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز يىغىنغا قاتناشتى.